# بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، كارخانىچىلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سۆھبەت يىغىنىدا، خەيكاڭ ۋېيشى رەقەملىك تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى، پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن زۇڭنيەن، جۇڭگو جۇڭخۇا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى گاۋ نىڭ، ۋۇخەن گاۋدې خۇڭۋەي پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى خۇاڭ لى، گېبىر پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى جياڭ بىن، شاڭخەي پىنخەي مېھمانخانىسىنىڭ باش دىرېكتورى جاۋ شيەنجېن، ۋيىرۇەننىڭ يەر شارىۋى نوپۇزلۇق مۇئاۋىن لىدىرى، ۋيىرۇەننىڭ ئاسيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى تەتقىقات ـ ئېچىش گۇرۇھىنىڭ رەئىسى خۇڭ شياۋبىن، سۇڭشيا ئېلېكتىر سايمانلىرى(جۇڭگو) چەكلىك شىركىتىنىڭ لىدىرى جاۋ بىڭدى قاتارلىق يەتتە نەپەر كارخانىچىلار ۋەكىللى ئىلگىرى ـ كېيىن سۆز قىلىپ، ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت، بازار سۇبيېكتىنى قوغداش، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىش، كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىش ۋە ئۇلاردىن ياخشى پايدىلىنىش، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سۆز قىلىش جەريانىدا، شى جىنپىڭ ئارىلاپ بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا كۆپچىلىك بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى، نەق مەيدان كەيپىياتى قىزغىن، جانلىق بولدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، نۆۋەتتە دۆلىتىمىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىدا مۇقىم ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭدى، ئەھۋال مۆلچەردىكىدىن خېلىلا ياخشى. بىز ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى تولۇقلاپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بازار سۇبيېكتى دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق قاتناشقۇچىسى، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنىڭ ئاساسلىق تەمىنلىگۈچىسى، تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق تۈرتكۈچىسى بولۇپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرماقتا. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلق ئۇرۇشىغا پائال قاتنىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، جاسارەت بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش بىلەن بىللە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچلۈك ماددىي تىرەك بىلەن تەمىنلىدى. شى جىنپىڭ كەڭ دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار، پۇقراۋى كارخانىلار، چەت ئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلار، شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن ـ تەيۋەن مەبلىغىدىكى كارخانىلار، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار بازار سۇبيېكتىنى قوغدايدىغان، قوللايدىغان بىرقاتار سىياسەت تەدبىرلەرنى چىقاردى، سىياسەت جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، كەڭ بازار سۇبيېكتلىرىنى نورمال مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان، شۇنداقلا تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تېخىمۇ ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك مالىيە سىياسىتى، تېخىمۇ پۇختا ـ جانلىق پۇل سىياسىتىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ماكرولۇق سىياسەتنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ۋاقىتچانلىقىنى كۈچەيتىپ، داۋاملىق باجنى كېمەيتىپ، ھەقنى تۆۋەنلىتىپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، ئۆسۈمنى تۆۋەنلىتىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى بىۋاستە ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈش، بازار سۇبيېكتىغا بىۋاستە نەپ يەتكۈزۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، بازار سۇبيېكتلىرىغا بولغان پۇل مۇئامىلە مەدەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدار پۇل مۇئامىلىنى راۋاجلاندۇرۇپ، بازارلىق ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ دۆلەت ئىچى بازىرىنى ئېچىشىغا مەدەت بېرىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بەرپا قىلىش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى ياخشى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى، پۇقراۋى، چەت ئەل مەبلىغىدىكى قاتارلىق تۈرلۈك مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە باراۋەر قوغداپ، بازار ئىجازىتىدە پاسسىپ تىزىملىك تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىش قانۇنىنى ياخشى يولغا قويۇپ، بازار ئىجازىتىنى كەڭ قويۇپ بېرىپ، سودا ۋە سېلىنمىنى قولايلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، يېقىن، پاك ھۆكۈمەت ـ سودىگەرلەر مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار كارخانا بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا ئالاقە قىلىشى، كارخانىچىلارنىڭ ئويلىغانلىرىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى ئىگىلىشى، كارخانىلارغا مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى تۈزۈشتە كارخانىچىلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى كۆپرەك ئاڭلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھوقۇق ـ پۇل سودىسى، سودا پارىخورلۇقى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈمەت ـ سودىگەرلەر مۇناسىۋىتى ۋە تىجارەت ـ سودا مۇھىتىغا زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك ئاممىۋى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، كارخانىچىلارنىڭ قەتئىي ئىرادە تىكلەپ مۇقىم كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، جۇڭگو بازىرىدا يىلتىز تارتىپ، جۇڭگو بازىرىنى چوڭقۇر ئېچىشىغا مەدەت بېرىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئىجارە ھەققى، باج، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا پائال ياردەم بېرىپ، تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك سىياسەت جەھەتتىن ياردەم بېرىش ـ يۆلەش بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، زور بىر تۈركۈم جاسارەتلىك، دادىل يېڭىلىق يارىتىدىغان كارخانىچىلار ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە، مىللەت ئالاھىدىلىكىگە، دۇنياۋى سەۋىيەگە ئىگە جۇڭگو كارخانىچىلار قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى. كارخانىچىلار كارخانىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ ھازىرقى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تېخىمۇ شانلىق كەلگۈسىگە يۈزلىنىشتە كارخانىچىلار روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش، يېڭىلىق يارىتىش، سەممىي بولۇش، جەمئىيەت مەسئۇلىيىتى ۋە خەلقئارا نەزەر قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردە يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بەرپا قىلىدىغان، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرىدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلىنىشى كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى كۈچەيتىپ، كارخانا تەرەققىياتىنى دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتنىڭ روناق تېپىشى، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن دۆلەت ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، دۆلەتنىڭ غېمىنى يەپ، كارخانىلارنى يېتەكلەپ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇشقا تىرىشىپ، سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى، ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى، رىقابەت كۈچى تېخىمۇ كۈچلۈك، تەسىر كۈچى تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، تەرەققىياتتا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئىزدەنگۈچىلىرى، تەشكىللىگۈچىلىرى، يېتەكلىگۈچىلىرىدىن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ تەشكىللەشتە يېڭىلىق يارىتىش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، بازاردا يېڭىلىق يارىتىشقا دادىل تۈرتكە بولۇپ، تېخنىكا تەتقىق قىلىش، ئېچىش ۋە ئادەم كۈچى كاپىتالى سېلىنمىسىغا ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئۈنۈملۈك قوزغاپ، تىرىشىپ كارخانىلارنى قۇدرەتلىك يېڭىلىق يارىتىش سۇبيېكتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. سەممىي بولۇش، قانۇنغا رىئايە قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ساپاسى ۋە مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، تىرىشىپ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خىزمەتچىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، خىزمەتچىلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشى كېرەك. خەلقئارا نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەۋقەنى جۇڭگوغا قويۇپ، دۇنياغا نەزەر سېلىپ، خەلقئارا بازارنىڭ يۈزلىنىشى ۋە ئېھتىياج ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا قائىدىنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا بازارنى ئېچىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا بازار خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش داۋامىدا تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر قورۇقچىلىق كۈچىيىۋاتقان، دۇنيا ئىقتىسادى پەسكويغا چۈشۈپ قالغان، پۈتۈن يەر شارىۋى بازار تارىيىۋاتقان تاشقى مۇھىتتا، بىز جەزمەن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بازار ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدە چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى تېزلىتىپ، كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلىش كېرەك. دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش ھەرگىزمۇ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ يېكىنمە ھالەتتە يۈرۈشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئىچكى ئېھتىياجنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، دۆلەت ئىچى بازىرى بىلەن خەلقئارا بازارنى تېخىمۇ ياخشى تۇتاشتۇرۇپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى بازىرىدىن ئىبارەت ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىقتىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى يەنىلا تارىخىي ئېقىم، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىش تەقسىملەپ ھەمكارلىشىشى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشى ئۇزاق مۇددەتلىك يۈزلىنىش. بىز تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى ئېچىۋېتىش ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئاساسىدا ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان بىرىنچى بەش يىل بولۇپ، ئەھمىيىتى ئىنتايىن مۇھىم، زور. ئالاقىدار تەرەپلەر كارخانىچىلار ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئىشىنىمەنكى، ئورتاق تىرىشىش ئارقىلىق، كەڭ كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر چوقۇم دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىدە تېخىمۇ زور رولنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، ليۇ خې، ياڭ جيېچى، خۇاڭ كۇنمىڭ، يوۋ چۈەن، ۋاڭ يۇڭ، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار، ئالاقىدار خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار، پۇقراۋى كارخانىلار، چەت ئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلار، شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن ـ تەيۋەن مەبلىغىدىكى كارخانىلار، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋەكىللىرى قاتارلىقلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەققىي تۈردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەھەللىسى ئىتتىپاق ئولتۇراق رايونىدا، ھەر مىللەت ئاھالە مەھەللە خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تەرتىپلىك ھالدا نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرتۈۋاتاتتى. چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر، دوختۇر ـ سېستىرالار ۋە مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى. چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: نەق مەيدان تەرتىپىنى ياخشى قوغداپ، تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەش، ماسكا تاقاش، «بىر مېتىر ئارىلىق» قاتارلىق تەدبىرلەرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەرتىپنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، ئەۋرىشكە ئېلىش ۋە تەكشۈرۈش ئۈنۈمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئۈرۈمچى شەھىرى ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنى سەگەكلىك بىلەن ئېنىق تونۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامرىشىنى قەتئىي توسۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان قاتتىق جەڭدە پۈتۈن كۈچ بىلەن غەلىبە قىلىشى كېرەك. تەكشۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش بىلەن تولۇق قاپلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ مەھەللە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى پۇختا تۇتۇپ، بىرلەشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئاما تىزگىنلەش مۇداپىئە سېپىنى كۈچەيتىپ تېخىمۇ زىچ، تېخىمۇ پۇختا توقۇشى كېرەك؛ تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىگىلەپ، ۋاقتىدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىپ، ئاممىنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ تەشۋىقات، تەربىيەنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى يۇقۇمغا توغرا، ئىدراكىي قاراپ، ئۆزى ئالدىنى ئېلىش ئېڭى ۋە مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە يېتەكلەش كېرەك؛ خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار ئاممىنىڭ ياخشى سىردىشى ۋە يۆلەنچۈكى بولۇپ، ئىشنى نەق جايىدىن باشلاپ، ئىشنىڭ ئىنچىكە يېرىگە كۈچ سەرپ قىلىپ، قەتئىي تۈردە تۈرلۈك دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا تۇتۇشى، ئىنچىكە تۇتۇشى، جايىدا تۇتۇشى كېرەك.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر مۇنداق كۆرسەتتى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، زېھنىي كۈچنى چېچىۋەتمەي، خىزمەتلەرنى ئۈزۈپ قويماي، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تېخىمۇ قەتئىي ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر بىلەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي ياخشى قوغداش كېرەك. ۋاقىت جەھەتتە مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك، ئۈرۈمچى شەھىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھەققىي ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. تەدبىر جەھەتتە دەل جايىدا، ئۈنۈملۈك بولۇشى كېرەك، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ۋە ۋىرۇسنى مەنبەدىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۇنجى دىياگنوز قويغۇچى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بارلىق يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلارغا قارىتا تېببىي كۆزىتىش تەدبىرى قوللىنىش كېرەك؛ «تۆتنى مەركەزلەشتۈرۈش»تە چىڭ تۇرۇپ، بايلىق كۈچىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش لايىھەسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك؛ تەۋەلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ پولات ئىستىھكامىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. ئىستىل جەھەتتە ئەمەلىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى كېرەك، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، تېخىمۇ كۆپ زېھنىي كۈچنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە سەرپ قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلمىغان، قىلدىغانىنى قىلمىغان، ئىستىلى تۇراقسىز، مەسئۇلىيەتنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ، قۇرۇق تالاش ـ تارتىش قىلغانلارغا قارىتا كەسكىن تۈردە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش، جاۋابكارلىققا تارتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن شەھەر بويىچە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملاش ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق ھالقا. تەكشۈرۈش خادىملىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ سەپلەپ، خىزمەت تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئۇيۇشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېشىل يول ئېچىپ، ھەرقايسى ھالقىلارنى جىپسىلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەت، يۇقىرى ئۈنۈمدە تاماملاش كېرەك. تۈرلۈك مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەۋرىشكە سۈپىتىنىڭ بىخەتەرلىكى، تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، تەكشۈرۈلگەن ئاممىنىڭ بىخەتەرلىكىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يۈ جىڭجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بۇ قېتىمقى يېڭىدىن يۈزبەرگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قاتار كەسكىن، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىجابىي نەتىجە ـ ئۈنۈملەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۈرۈمچى شەھىرى ئۇچۇرلاشتۇرۇش تېخنىكىسىغا تايىنىپ، ئەۋرىشكە ئېلىش، تەكشۈرۈشكە يوللاش، تەكشۈرۈشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى كېرەك. تەكشۈرۈش، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش، مەنبەدىن تەكشۈرۈش، مەھەللە باشقۇرۇش قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلارنى زىچ جىپسىلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تىرەكلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئاغرىقلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇپ، داۋالاپ، بارلىق ئاغرىقلارغا قارىتا «بىر ئادەمگە بىر تەدبىر» قوللىنىپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنىڭ كېسىلىنىڭ مۇقىم ياخشىلىنىشى، سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۈرۈمچىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، ئاپتونوم رايوندىكى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىلەن بىرلىكتە بۇ قاتتىق جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىدۇ.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۇ خەيرۇڭ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.